# ئېتىكاپ قىلىشنىڭ شەرتلىرى

## شروط الإعتكاف

< الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur >

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى ئىشلار پەتىۋا كومىتېتى

اللجنة الدائمة للبحوث العلمية والإفتاء والدعوة والإرشاد

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

# ئېتىكاپ قىلىشنىڭ شەرتلىرى

12411-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئېتىكاپىنىڭ شەرتلىرى قايسى؟، ئېتىكاپ قىلغاندا روزا تۇتۇش كېرەكمۇ؟، ئېتىكاپ قىلغۇچى كېسەل يوقلىسا، چاقىرغان جايلارغا بارسا، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ هاجەتلىرىنى ئادا قىلسا، جىنازىغا ئەگىشىپ قەبرىستانلىققا بارسا ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىغا بارسا توغرا بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

ئېتىكاپ بەش ۋاقىت ناماز ۋە جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان چوڭ مەسچىتلەردە قىلىنىدۇ، ئېتىكاپ قىلغۇچى جۈمە ئوقۇش پەرز قىلىنىغان كىشىلەردىن بولسا، جۈمە ئوقۇلىدىغان چوڭ مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىشى ئەۋزەلدۇر. چۈنكى كىچىك مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلسا، جۈمە نامىزىغا چىقىمەن دەپ سىرتتقا چىقىش ئارقىلىق ئېتىكاپىنىڭ توغرا بولىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىشى مۇمكىن. رامىزاندىن باشقا ئايلاردا ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ ئېتىكاپ جەريانىدا نەپلە روزا تۇتۇشى شەرت ئەمەس.

سۈننەت بويىچە، ئېتىكاپ قىلغۇچى ئېتىكاپقا كىرگەندىن كېيىن كېسەل يوقلىمايدۇ، چاقىرغان جايلارغا بارمايدۇ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ هاجەتلىرىنىڭ ئادا قىلىش ئۈچۈن چىقمايدۇ، جىنازا نامىزىغا چىقىپ قەبرىستانلىققا بارمايدۇ ۋە باشقا ئىش-ھەرىكەتلەر ئۈچۈن مەسچىتنىڭ سىرتىغا چىقمايدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: «ئېتىكاپ قىلغۇچى كېسەل يوقلىمايدۇ، جىنازا نامىزىغا چىقمايدۇ، ئاياللىرى بىلەن قۇچاقلاشمايدۇ، زۆرۈر بولمىغان ئىشلار ئۈچۈن سىرتقا چىقمايدۇ» دېيىلگەن. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 2473-ھەدىس].

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى ئىشلار پەتىۋا كومىتېتى(410/10).

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com